## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

### يۇقۇمغا قارشى جەڭ خاتىرىسى

**شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى جۇڭخى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل ۋىراچى شيې دەن:**

# ئىنتىپاقلىقنىڭ كۈچى

**ۋاقتى:** 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

**ئورنى:** ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 4 ـ بىنا 14 ـ ئاغرىقلار رايونى

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، بىز ئالدىراپ ـ تېنەپ يۈك ـ تاقلىرىمىزنى تېڭىپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ نۆۋەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندۇق؛ 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سەھەر سائەت 2دە ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدۇق — سائەت 6دە يولغا چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا باردۇق.

بۇ يەردە، ھېچكىم باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ باش تارتىدىغان، توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، ھېچكىم يېنىكنى تاللاپ، ئېغىردىن قاچىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. مەسىلە بايقىساق، ۋاقتىدا ھەل قىلدۇق، قىيىنچىلىققا يولۇقساق، بىرلىكتە يەڭدۇق. بۇنداق ياخشى خىزمەت كەيپىياتى بىر خىل كۈچنى شەكىللەندۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان دوختۇرخانىلاردىن كەلگەن، ئىلگىرى يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان دوختۇر ـ سېستىرالارنى بىر يەرگە زىچ ئۇيۇشتۇردى، مەن ئىنتىپاقلىقنىڭ كۈچىنى ھەققىي ھېس قىلدىم.

بەزىدە كۈنبويى مۇداپىئە كىيىمىنىڭ ئىچى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كېتەتتى؛ بەزىدە نۆۋەتچىلىك قىلىپ بولغاندىن كېيىن باشنى قويۇپلا ئۇخلاپ قالاتتۇق. بىر قېتىم كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ تۇرۇپ «مۇدىر چۈەن رۇڭشىنىڭ كۆز خالتىسى ساڭگىلاپ ئېڭەككە چۈشۈپ قالاي دەپ قاپتۇ» دېيىشتۇق. شۇنداق، ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ ئاغرىقلاردىن خاتىرجەم بولالمىغاچقا، ھەر كۈنى ئاغرىقلار رايونىدا چىڭ تۇرۇپ، ھېرىپ قالسا قاتلىما كارىۋاتتا بىردەم يېتىۋالىدۇ... مانا، ئۇلار بىزنىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد تېببىي خىزمەتچىلىرىمىز، ئۇلار جىدامىلىق، قەيسەر، يۈكنى زىممىسىگە ئالالايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ مەنىۋى ئۈلگىمىز!

ھېلىمۇ ئېسىمدە، 83 ياشلىق بىر ئاغرىق بولۇپ، ئاساس كېسەللىكلىرى كۆپ ئىدى. ئېغىر كېسەل كۆزىتىش ئۆيىدىن بىزنىڭ ئاغرىقلار رايونىغا يۆتكەلگەن كۈندىن باشلاپ، كۆپچىلىك نۇقتىلىق كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تاماق يېيىش مەسىلىسى بىزنى غەمگە سېلىپ قويدى، ھەر قېتىم تاماقنى ئېغىزىغا ئاپارغاندا، بوۋاي ئېغىزىنى ئاچقىلى ئۇنىمايتتى، نەسىھەت قىلساقمۇ ئاڭلىمايتتى. تاماقلار تېتىمىغانمىدۇ؟ مۇدىر ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، بوۋاينىڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغىنىنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، ئاشخانا بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇنىڭغا ئايرىم تاماق قىلدۇرۇپ بەردى. ئىسسىق تاماق كەلدى، ئۇ تۇنجى قوشۇق تاماقنى يېگەندە، پۈتۈن ئاغرىقلار رايونى خۇددى بىر مەيدان جەڭدە غەلىبە قىلغاندەك خۇشاللىققا چۆمدى.

ھازىر، دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلار بارغانسېرى كۆپەيدى، بىز غەلىبىنىڭ تاڭ نۇرىنى كۆردۇق.

**(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز كاڭ خاۋيەن رەتلىگەن)**

**شىنجاڭ خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى جىگەر ـ ئۆت تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ سېستىراسى فەن مېڭ:**

# ئاغرىقلارنىڭ يۆلەنچۈكى

**ۋاقتى:** 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

**ئورنى:** ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 3 ـ ئاغرىقلار رايونى

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كادىدات پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، سەپداشلىرىم بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە ياردەم بېرىش سەپىرىگە ئاتلاندىم.

مەن بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، شىنجاڭنىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ۋۇخەنگە ئاتلانغاندىكى ئەھۋاللارنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالدىم. بۇ قېتىم يۇرتۇمنى قوغداش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم جەڭگە ئاتلاندىم، مەن ھەققانىيەت يولىدىن قايتمايمەن.

ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىز ناھايىتى تېزلا جىددىي خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتۇق. بۇ قېتىم بىز ئېغىر كېسەل كۆزىتىش بۆلۈمىدە خىزمەت قىلدۇق، ئېغىر كېسەل ئاغرىقلارنى پەرۋىش قىلىش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. لېكىن ۋۇخەندىكى تەجرىبىمىز بولغاچقا، خىزمەتتە قىلچە تەمتىرەپ قالمىدۇق.

ئىسسىق ياز كۈنلىرىدە، ئايرىش كىيىمى كىيسە، بەدىنىمىز تەرلەپ سۇغا چۆمۈلۈپ كېتىدۇ، مۇداپىئە ماسكىسىدا دائىم دېمىمىز سىقىلىپ كېتىدۇ، پەلەي كىيىپ تەرلەپ قوللىرىمىزغا تەر تەمرەتكىسى چىقىپ كېتىدۇ... لېكىن ئېغىر كېسەل كۆزىتىش بۆلۈمىدە، ئائىلە تەۋەلىرى ھەمراھ بولمىغان، ھەرىكىتى قولايسىز ئاغرىقلارنىڭ تايىنىدىغىنى پەقەت بىزلا!

مەن ھالىدىن خەۋەر ئالغان بىر موماينىڭ دوختۇرخانىغا كىرگەندە كېسىلى ئېغىر ئىدى. ئۇ مېنى ياردەملىشىپ بىرنەچچە تېلېفون ئۇرۇپ بېرىشكە چاقىردى، مەن ئۇنىڭ قىزىغا تېلېفون ئۇرۇپ بەردىم، ئۇ كۈچسىز ئاۋازدا ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تاپشۇرۇشقا باشلىدى... شۇ ۋاقىتتا، مېنىڭ كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى، رەھىمسىز ۋىرۇس بەختلىك بىر ئائىلىنى خەۋپكە دۇچار قىلغانىدى. بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز شۇكى، كەسپىي تېخنىكىمىزغا تايىنىپ ھەربىر ئاغرىقنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ، ئۇلارنى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېنىغا قايتۇرۇش. بەختكە يارىشا يېرىم ئاي پايال داۋالاش ئارقىلىق، موماي ئېغىر كېسەل رايونىدىن يېنىك كېسەل رايونىغا يۆتكەلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ بىر ـ بىرلەپ ياخشىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، بىز تۆلىگەن بەدەللىرىمىزنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. 2020 ـ يىلىدىكى ئەسلىمىلىرىم چوڭقۇر ھەم قىممەتلىك، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەممەيلەننىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، بىز ھامان يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز!

**(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز كاڭ خاۋيەن رەتلىگەن)**

### يۇقۇمغا قارشى جەڭ ھېكايىسى

يۈ كەيجياڭ:

# يۇقۇم تۈگىمىگۈچە، جەڭ كىيىمىنى سالمايمەن

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز چاۋ جىن، يۈ مېڭرەن

ئېغىر كېسەل، خەتەرلىك ئېغىر كېسەل ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ۋاقىت بىلەن بەسلىشىدىغان بىر مەيدان مۇسابىقىگە ئوخشايدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، يۈ كەيجياڭ يەنىلا ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ICU1 ئاغرىقلار رايونىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتاتتى، ئۇ مۇنداق دېدى: مەن بۇ يەردە ئاخىرغىچە چىڭ تۇرىمەن.

يۈ كەيجياڭ خاربىن تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى، ئۇ ئىلگىرى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئېغىر كېسەل ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان، دۆلەت بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئۈرۈمچىگە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا قاتنىشىشقا ئەۋەتكەن دۆلەت مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكى 18 مۇتەخەسسىسنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن.

«ئالاھىدە مەزگىلدە، ئادەتتىكى مۇنتىزىم مەشغۇلاتمۇ خەتىرى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان قىيىن مەشغۇلات بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يۇقۇم مەزگىلىدە خىزمەتنىڭ سىجىللىقى، قىيىنلىق دەرىجىسى زور دەرىجىدە ئاشتى.» ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، يۈ كەيجياڭ تېزلىكتە خىزمەت ھالىتىگە كىردى، ئىسسىقتا قات ـ قات مۇداپىئە كىيىمىدە ھېلىدىن ـ ھېلىغا تەرلەپ تۇراتتى.

ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەت مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە شىنجاڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى قاتلامغا ئايرىپ داۋالاش، ئىلمىي تەدبىر قوللىنىشتەك قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش لايىھەسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېغىر كېسەل 1 ـ رايونى، 2 ـ رايونى، 3 ـ رايونى تەسىس قىلىپ، ئاغرىقلارنى ئىلمىي، دەل جايىدا داۋالىدى.

«ئېغىر كېسەل ئاغرىقلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، 24 سائەت ئاغرىقلارنىڭ تېببىي ھاياتلىق ئالامەتلىرىنى ئۇدا ھەرىكەتچان كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، كۆپ قېتىم ئارتېرىيە قېنىدىكى گاز ئانالىزى قىلىش قاتارلىقلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئاغرىقنىڭ ئەڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ» دېدى يۈ كەيجياڭ.

يۈ كەيجياڭ دائىم ھەرقايسى پەن مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن كۆپ پەنلەر بويىچە بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ، ئاغرىقنىڭ كلىنىكىلىق ئىپادىسى ۋە كېسەللىك تارىخىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان كېسەللىك ئەھۋالىغا ئاساسەن ئادەمگە قاراپ تەدبىر قوللىنىدۇ. ICUدىكى ھەربىر سېكۇنت ھايات ـ مامات رىقابىتى؛ ھەربىر ئاغرىقنىڭ سەكراتتا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقايتىلىشى ئەسلىگە كېلىشكىچە بولغان ئەھۋالى يۈ كەيجياڭنىڭ ھەر ۋاقىت ئېسىدە.

«بۇ قېتىم قوبۇل قىلىپ داۋالىغان ئاغرىقلار ئىچىدە، ئەڭ چوڭى 92 ياش بولۇپ، چوڭ ياشلىق ئاغرىقلاردا كۆپ ھاللاردا ئاساس خاراكتېرلىك كېسەللەر قوشۇلغان بولىدۇ، ئۈرۈمچىدىكى بۇ قېتىمقى ئاغرىقلاردا رايون ئالاھىدىلىكى بار، نۇرغۇن ئاغرىق سېمىزرەك بولۇپ، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا بەلگىلىك خىرىس ئېلىپ كەلدى.» يۈ كەيجياڭ مۇنداق دېدى: ئېغىر كېسەل ئاغرىقلىرىدا ئاساس خاراكتېرلىك كېسەللەر كۆپ بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، داۋالاش كوللېكتىپىمىز ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىپ، «كۆپ خىل ئارمىيە تۈردىن تەشكىللەنگەن جىتۇەنجۈن» جەڭ قىلىش شەكلىنى قوللىنىپ، ئەڭ كۈچلۈك داۋالاش كۈچلىرىنى توپلاپ، ھەر تەرەپلىمە ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئېغىر كېسەل ئاغرىقلارنى قۇتقۇزدى، داۋالىدى.

جەڭ مەيدانىغا قايتا چىققان يۈ كەيجياڭدا تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىش بولدى، ئۇ مۇنداق دېدى: ««نۆللەشتۈرۈش» ئىشقا ئاشقان تەقدىردىمۇ، بىز ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك، ‹ئادەتتىكى مەزگىل بىلەن جەڭ مەزگىلىنى بىرلەشتۈرۈش› دوختۇرخانىلار دۇچ كەلگەن يېڭى تېما».

# «ئاچام بىلەن مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ ئىشلەيمەن»

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۇ لۇپېڭ**

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سەھەردە، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى لۈيۈەن كوچىسى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى لۈيۈەن كوچىسى مەھەللىسىدىكى جۈنتەي سارىيىنىڭ ئالدىدا، روزىگۈل ساۋۇت كىچىك خاتىرىسىگە پىدائىيلار تەمىنلىگەن زاكازلارنى تەپسىلىي خاتىرىلەۋاتاتتى، «چيۇ جىڭ ئاچام تۈنۈگۈنمۇ خېلى كەچكىچە ئالدىراش ئىشلىدى، شۇڭا تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئالدىنئالا ياخشى ئىشلەشنى ئويلاشتىم».

بۇ يىل 4 ـ ئايدا، روزىگۈل قاراقاش ناھىيەسىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، لۈيۈەن كوچىسى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىدا ئىشلەشكە تەقسىم قىلىنغانىدى. روزىگۈلنىڭ شەھەردىكى خىزمەت، تۇرمۇش بىلەن تېزدىن تونۇشۇشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشى ئۈچۈن، باشقۇرۇش كومىتېتى ئۇنىڭدىن ئۈچ ياش چوڭ چيۇ جىڭنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان ـ يېتەكلەيدىغان «ئوقۇتقۇچى» قىلىپ بېكىتتى.

تىرىشچانلىق روزىگۈلنىڭ چيۇ جىڭدا قالدۇرغان تۇنجى تەسىراتى ئىدى. «خىزمەتكە قاتنىشىشتىن ئىلگىرىكى تەربىيەلەشتە، ئۇنىڭ قولىدىن قەغەز ـ قەلەم چۈشمىدى، ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇرۇپلا قالماي، يەنە ئالدىن تەكرار قىلدى.» ئەمدىلا كەلگەندە، روزىگۈل پۇتۇڭخۇا تىلى راۋان سۆزلىيەلمەيتتى، چيۇ جىڭ ۋاقتى بولسىلا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ مەشىق قىلغۇزدى. بۈگۈنكى كۈندە، روزىگۈل ئاددىي تەشۋىقاتلارنى قىلالايدىغان بولدى.

سىڭلىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە يالغۇز ئىكەنلىكىنى، مۇھىت ئالماشقانلىقتىن سەل ماسلىشالماي قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىغان چيۇ جىڭ تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا كۆپرەك غەمخورلۇق قىلدى. ئۇنىڭ خىزمەت مۇھىتى بىلەن تونۇشۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى؛ دەم ئالغاندا ئۇنى تاماق يېيىشكە، بازار ئايلىنىشقا تەكلىپ قىلدى، ئىككىسى بارغانسېرى يېقىن بولۇپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئولتۇراق رايوندا يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىر بولۇش سۈپىتىدە، چيۇ جىڭ جۈنتەي سارىيىنىڭ مۇلازىمەت كاپالىتى ۋە دىجورنىلىقىغا مەسئۇل بولدى. جۈنتەي سارىيىدا ئاھالىلەر كۆپ ئىدى، كۈندۈزى چيۇ جىڭ بىلەن پىدائىيلارنىڭلا «توشۇغۇچى» بولۇشقا تايانغاچقا، ئالدىراش بولۇپ كەتكەندە يېتىشەلمەي قالاتتى.

«ئاچام بىلەن مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ ئىشلىشىم كېرەك.» تەربىيەلىنىش مەزگىلىدە بولغاچقا، ئىش ئورنى مۇقىم بېكىتىلمىگەنىدى، روزىگۈل مەھەللىگە چيۇ جىڭغا ياردەمچى بولۇپ ئىشلەشنى ئىلتىماس قىلدى، «ئىككى ئادەم تەڭ كۆتۈرسە، يۈك يېنىكلەيدۇ».

ھەر كۈنى ئىشقا چىقىپلا، چيۇ جىڭ بىلەن روزىگۈل دەل ۋاقتىدا جۈنتەي سارىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پىدائىيلار يىغقان ئاھالىلەرنىڭ زاكازلىرىنى رەتلەيدۇ، چيۇ جىڭنىڭ ئېيتىشىچە، مەھەللىنىڭ كۆكتات بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسىغا كۆكتاتلار بالدۇر ئېلىپ كېلىنسە، ئىككىيلەن ئالدى بىلەن ئۆچرەتتە تۇرۇپ، تەقسىملەنگەن كۆكتاتلارنى توشۇپ ئەكېلىپ پىدائىيلارنىڭ تەقسىملەپ تارقىتىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن؛ كۆكتاتلار كېچىكىپرەك ئېلىپ كېلىنسە، ئىككىيلەن بۆلۈنۈپ، ئالدى بىلەن تاللا بازىرى، دورىخانىغا بېرىپ ئاھالىلەر ئۈچۈن مال سېتىۋالىدىكەن. جىددىي كېسەل كۆرسىتىدىغان ئاھالىلەر بولۇپ قالسا، چيۇ جىڭ ئاھالىلەرنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا مەسئۇل بولىدىكەن، روزىگۈل دىجورنىلىققا مەسئۇل بولىدىكەن، پىدائىيلارغا ماسلىشىپ ئىشلەيدىكەن.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 30 سېلسىيە گرادۇستىن ئاشمىدى، ئەمما كەچكىچە ئىشلەپ، ئاچا ـ سىڭىل ئىككىيلەننىڭ مۇداپىئە كىيىمى چىلىق ـ چىلىق تەر بولۇپ كەتكەنىدى. «سىڭلىمدەك بۇنداق ياخشى ياردەمچى بولغاچقا، ئىش قىلسام تېخىمۇ غەيرەتكە تولىمەن» دېدى چيۇ جىڭ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى ماتېرىيال، ئىختىساسلىقلار بايلىقى قاتارلىق كەسىپلەرگە چېتىلىدىكەن.

بۇ يىل، بۇ تەرەققىيات رايونى دۆلەت دەرىجىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى، دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى ۋە شىخۇتەن يېڭى ماتېرىيال كەسپى باغچە رايونىنى بىرتۇتاش بىرىكتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت ۋە ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش، تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرغان. يۇقۇمنىڭ تەسىرى ئالدىدا، تەرەققىيات رايونى شىخەنزىگە كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرگەن كارخانىلار ئۈچۈن «يېشىل يول» بەرپا قىلىپ، تۈرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك مەددەت، كاپالەت ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەن. بىڭتۈەن 8 ـ شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى، شىخەنزە ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خوۋ گوجۈن مۇنداق بىلدۈردى: يىراق مۇساپىلىك توردا ئىش بېجىرىش، كەم بولسا كېيىن تولۇقلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، تەستىقلاش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، «بۇلۇتتا كېلىشىم ئىمزالانغان» تۈرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىمىز.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 29 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن توققۇز يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 628، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار 169 بولۇپ، جەمئىي 797.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۈ جېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.




**يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرۇلمىدى**

**8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، خىزمەتچى خادىملار ئۈرۈمچى ۋوگزالىنىڭ پويىز كۈتۈش زالىنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرمەكتە. ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر باشقۇرۇش ئىدارىسى(مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىدارىسى) مۇھىت تازىلىقى كۈچىنى تەشكىللەپ، مەشغۇلات قېتىم سانىنى ئاشۇرۇپ، ۋوگزال، ئايرودۇرۇم قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلاردا قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماي، ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈردى.**

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)